# يېڭى دەۋردە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

تەشۋىق قىلىپ، پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ياخشى ئۆگىنىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئېتىقادىنى چىڭىتىپ، كۈرەش قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كۈرەش قىلىش ماھارىتىنى كۈچەيتىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، جۇڭگو ئارزۇسى، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك.

لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 3تىن 5 مىنۇت ئۆتكەندە، شى جىنپىڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبىرىي يولداشلىرى جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار مۇزېيىغا كېلىپ، كۆرگەزمە زالىغا كىرىپ كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. كۆرگەزمىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ۋە ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش باش تېمىسى زىچ چۆرىدىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمى ئاساسىي كۈرۈش نۇقتىسى قىلىنىپ، ئۇرۇش ئاساسىي لىنىيەسى چۆرىدىلىپ، جەڭ مەيدانلىرىدىكى كۈچ سىنىشىش گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، مۇقەددىمە زالى، «ھەققانىيەتنى زىممىگە ئېلىش تەدبىر بەلگىلەپ ئەسكەر چىقىرىش» «ھەرىكەت ئارقىلىق دۈشمەننى يوقىتىش ئۇرۇش سېپىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئۇرۇش ئارقىلىق سۆھبەتنى ئىلگىرى سۈرۈش قانچە ئۇرۇش قىلغانسېرى شۇنچە كۈچىيىش» «ئۇرۇش توختىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش غەلىبە بىلەن ۋەتەنگە قايتىش» «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتى ۋە تارىخىي تۆھپىسى»، ئاخىرقى سۆزدىن ئىبارەت يەتتە بۆلەك كۆڭۈل قويۇپ لايىھەلەنگەن، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەڭگۈ كۈرەش قىلىش» مەخسۇس تېمىسى تەسىس قىلىنىپ، 540 پارچىدىن ئارتۇق سۈرەت، 1900 پارچىدىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقى، ھەمدە نۇرغۇن سىن كۆرۈنۈشى، ئەمەلىي بۇيۇم كۆرۈنۈشى قاتارلىقلار ئارقىلىق مۇھىم، زور تەدبىر بەلگىلەش جەريانى، مۇھىم، زور تارىخىي ۋەقەلەر، مۇھىم جەڭ - ئۇرۇشلار، مۇھىم تارىخىي شەخسلەر تولۇق نامايان قىلىنىپ، سىياسىي، ئىقتىساد، دىپلوماتىيە قاتارلىق جەھەتلەردىكى كۈرەشلەرنى نامايان قىلىشقا ئەڭ ئېتىبار بېرىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلىشتىكى شانلىق مۇساپىسى ۋە قىممەتلىك تەجرىبىلىرى ئومۇميۈزلۈك ئەسلەپ ئۆتۈلۈپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ روھىنىڭ مول ماھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە دەۋر قىممىتى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، پىدائىي قىسىم قوماندان - جەڭچىلىرىنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتى ۋە كۈچلۈك دۈشمەندىن قورقماسلىق، كۈچلۈك دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتەك روھىي ئەۋزەللىكى نۇقتىلىق نامايان قىلىنغان، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۈشمەنگە قارشى بىر سەپتە تۇرۇپ، ھەممە بىر نىيەتتە بولۇشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى نامايان قىلىنغان، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ زوراۋانلىقتىن قورقمايدىغان، تىنچلىقنى قوغدايدىغان قەتئىي ئىرادىسى نامايان قىلىنغان.

پىدائىي قىسىم جەڭ مارشىنىڭ قىممەتلىك قول يازمىسى، شىددەتلىك جەڭ بولغان سۇڭگۇپېڭ كۆرۈنۈشى قايتا نامايان قىلىنغان ماي بوياق رەسىم، كەسكىن جەڭ بولغان چاڭجىنخۇ كۆلى، قانلىق ئۇرۇش بولغان شاڭگەنلىڭ قاتارلىقلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كۆرۈنۈشلەر، ئالاھىدە دەرىجىلىك قەھرىمان خۇاڭ جىگۇاڭ قۇربان بولغان جايدىن قېزىپ چىقىلغان باۋپوتۇڭ قالدۇقى، غەنىيمەت ئېلىنغان قورال - جابدۇقلار، دۆلەت ئىچىدە ئارمىيەگە قاتنىشىش، ئۇرۇشقا قاتنىشىش، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش قىزغىن دولقۇنىنى قوزغالغانلىقى نامايان قىلىنغان تارىخىي سۈرەتلەر، چاۋشيەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالاش مۇراسىمى نەق مەيداندا ئىشلىتىلگەن يېزىق قوراللىرى، چاۋشيەن خەلقى پىدائىي قىسمنى ئۇزاتقاندا تەقدىم قىلغان سوۋغاتلىق بۇيۇملار، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىدىكى قەھرىمانلار، قۇربانلار، نەمۇنىچىلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ئويۇلغان ئەينەك تام... مول تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، تەپسىلىي، ئېنىق ھۆججەت - ماتېرىياللار، يېڭىچە كۆرگەزمە ۋاستىلىرى شى جىنپىڭ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى، ئۇلار پات - پات قەدىمىنى توختىتىپ تەپسىلىي كۆردى، چۈشەندۈرۈشنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى ھەم ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سورىدى.

بېيجىڭدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارلىرى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى، بېيجىڭدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى ھەمدە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرى قاتارلىقلار كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىشلار مائارىپ فاكۇلتېتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ھەربىي مەكتەپ مائارىپى، قىسىملارنىڭ مەشىق ئەمەلىيىتى، ھەربىي ئىشلار كەسپىي مائارىپىدىن ئىبارەت ئۈچ بىر گەۋدىلەشكەن يېڭىچە ھەربىي ئىشلار ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىش كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئادەم كۈچى بايلىقى سىياسەت - تۈزۈم ئىسلاھاتىغا ماس كېلىدىغان ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش سىستېمىسى تاكامۇللاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك يۇقىرى ساپالىق، كەسپلەشكەن زور بىر تۈركۈم يېڭىچە ھەربىي ئىشلار ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، خەلق ئارمىيەسىنى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئارمىيە قىلىپ ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىشنى كۈچلۈك ئىختىساسلىقلار ۋە ئەقلىي كۈچ مەدەتى بىلەن تەمىنلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«قارار»دا رەئىس شى جىنپىڭنىڭ پۈتۈن ئارمىيەدىكى مەكتەپ مۇدىرلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەربىيەلەشتە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش زىچ چۆرىدىلىپ، يېڭىچە ھەربىي ئىشلار ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈش سىستېمىسى لايىھەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش يېتەكچى، ھەربىي مەكتەپ مائارىپى، قىسىملارنىڭ مەشىق ئەمەلىيىتى، ھەربىي ئىشلار كەسپىي مائارىپىنىڭ خاس ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش مۇھىم نۇقتا، سىياسەت، تۈزۈمنى تاكامۇللاشتۇرۇش تىرەك قىلىنىپ، يېڭىچە ھەربىي ئىشلار ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلەپى، كۈچەش مۇھىم نۇقتىسى ۋە يۈرۈشتۈرۈش مېخانىزمى قاتارلىقلار ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، پۈتۈن ئارمىيەنىڭ مائارىپ باشقۇرۇش، پۈتۈن مۇساپىلىك ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش ئاساس بىلەن تەمىنلەندى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

لى پېڭشىن سۆزدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، چېڭخۇا داشۆ گۇرۇپپا باشلىقى بولغان ئىچكىرى رايونلاردىكى 19 ئالىي مەكتەپ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن شىنجاڭ داشۆگە نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭ داشۆنىڭ «مىنىستىرلىق بىلەن ئاپتونوم رايون ھەمكارلىشىپ قۇرۇش» ۋە «قوش ئالدىنقى قاتار» قۇرۇلۇشىدا مۇھىم، زور ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئىچكىرى رايونلاردىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۇرسەت بىلىپ، ياردەم بېرىش سالمىقىنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ، مەكتەپلەر ئارا ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دىققەتنى ھەمكارلىشىپ يېڭىلىق يارىتىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەقلىي كۈچ مەددىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شىنجاڭ داشۆنىڭ پەنلەر قۇرۇلۇشى، پەن تەتقىقات ئىقتىدارى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى، مەكتەپ باشقۇرۇشىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شىنجاڭ داشۆ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش سىياسىتى ۋە بايلىقىنىڭ ئەڭ زور ئۈنۈم ئېففېكتىنى ھەقىقىي ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ماھىيەتلىك مەزمۇن شەكلىدىكى تەرەققىياتنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، «قوش ئالدىنقى قاتار» قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىي نەتىجىلىرى ئارقىلىق، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىگە مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك.

چېن شۈ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت مائارىپنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئالىي مائارىپ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭ داشۆنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، شىنجاڭ داشۆنىڭ «قوش ئالدىنقى قاتار» قۇرۇلۇشىنى قوللىدى. نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، يېڭى تېپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىنى پايىل تۈگىتىپ، نىشانلىق ياردەم بېرىشتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شۆيۈەنلەرنى ھۆددىگە ئېلىپ قۇرۇش قاتارلىق نىشانلىق ياردەم بېرىش يېڭى ئەندىزىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىدى ھەم يېڭى نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى. كېيىنكى قەدەمدە، نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ ۋەزىپىنى باشتىن - ئاخىر چۆرىدەپ، شۆيۈەنلەرنى ھۆددىگە ئېلىپ قۇرۇش نىشانلىق ياردەم بېرىش ئەندىزىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ ۋە ئەلالاشتۇرۇپ، «14 - بەش يىل»لىق نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىرىك پىلانىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايون بىلەن مەكتەپلەرنىڭ ھەمكارلىقىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شىنجاڭ داشۆنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇن شەكلىدىكى تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا كۈچ قوشۇپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشىدۇ.

چېن جۈنشېڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرما. جۇڭشەن داشۆ شىنجاڭ داشۆگە نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، «قان بېرىش» بىلەن «قان ئىشلەش»نى تەڭ تۇتۇپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى؛ ياردەم بېرىش بىلەن «ئۆز - ئارا ياردەم بېرىش»نى تەڭ تۇتۇپ، شىنجاڭ داشۆنىڭ پەنلەر قۇرۇلۇشى سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى؛ شىنجاڭغا كىرىش بىلەن شىنجاڭدىن چىقىشنى تەڭ تۇتۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوش يۆنىلىشلىك ئالماشتۇرۇش، ئالاقىلىشىش يېڭى ئەندىزىسى ئۈستىدە پايىل ئىزدىنىپ، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش سۈپىتىنى كۈچەپ ئۆستۈردى. كېيىنكى قەدەمدە، جۇڭشەن داشۆ 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەكتەپلەرنىڭ ئەۋزەل بايلىقىنى بىرىكتۈرۈپ، شىنجاڭ داشۆ ساياھەت شۆيۈەنىنىڭ قۇرۇلۇشى، تەرەققىياتىنى كۆپ نۇقتىدىن ئىلگىرى سۈرۈپ، نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل ھەمكارلىقى، تەرەققىياتى ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشنى پايىل سىلجىتىپ، شىنجاڭ داشۆگە نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ.

يىغىندا، نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەر پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سۈن خۇڭمېي يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شىنجاڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشاننى مەھكەم ئىگىلەپ، خېبېينىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، ئۆرنەك قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ھەقىقىي تۈردە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى، خېبېي خەلقىنىڭ شەخسىيەتسىز ياردىمى، نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئالاھىدە ئەۋزەللىكىنى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىدۇ.

ۋاڭ دۇڭفېڭ مۇنداق دېدى: شىنجاڭ خىزمىتى پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى پۈتۈن ۋەزىيىتىدە ئالاھىدە مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا ئىگە. 2 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاش ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش قاتارلىق خىزمەتلەردە مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلدى. بىز شىنجاڭنىڭ ياخشى تەجرىبىلىرى، ياخشى ئۇسۇللىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆرنەك قىلىپ، خېبېينىڭ خىزمىتىگە تېخىمۇ ياخشى تەتبىقلاپ، پايتەخت سىياسىيسىدىكى «سېپىل خەندىكى»لىك رولىمىزنى قەتئىي ياخشى جارى قىلدۇرىمىز.

ۋاڭ دۇڭفېڭ مۇنداق دېدى: خېبېي بىلەن شىنجاڭنىڭ ئارىلىقى يىراق بولسىمۇ، لېكىن ئىككى جايدىكى خەلق باشتىن - ئاخىر قەلبداش. بىز بۇ قېتىمقى ئۆگىنىش، تەكشۈرۈشنى يېڭى پۇرسەت بىلىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ۋە خېبېي - شىنجاڭ ھەمكارلىقىنىڭ دەرىجىسىنى سىجىل ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشقا كۈچ قوشىمىز. بايرىقىمىز روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى سىياسىي ئاڭلىقلىق، ئىدىيەۋى ئاڭلىقلىق، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى ھەقىقىي كۈچەيتىمىز. دىققەتنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىگە مەركەزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، كەسىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى كۈچەپ كاپالەتلەندۈرۈپ، ياخشىلاپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سۈپەتتە ياخشى ئىشلەيمىز. خېبېي - شىنجاڭ رايون ماس تەرەققىياتىدا چىڭ تۇرۇپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، رايون ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىقى، كەسىپ ھەمكارلىقى، مەدەنىيەت - ساياھەت ھەمكارلىقى، ئىختىساسلىقلار ھەمكارلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، ئىتتىپاق - ئىناق، ئاۋات - باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشنى تېزلىتىش ئۈچۈن خېبېينىڭ تۆھپىسىنى قوشىمىز.

سۆھبەت يىغىنىدا، شۈ چىن خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، شۆھرەت زاكىر ۋە بىڭتۇەن پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىلىڭيۈەن پېڭ جىياروۋ ئاپتونوم رايون، بىڭتۇەننىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ۋە نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. سۆھبەت يىغىنىدىن كېيىن، ئىككى جاي نىشانلىق ياردەم بېرىش ۋە ھەمكارلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېلىشىمى ئىمزالىدى.

خېبېي ئۆلكىسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن شىڭ گوخۇي، گاۋ جىلى، لىيەن يىمىن، جاڭ گۇجياڭ، فەن جاۋبىڭ، شيا يەنجۈن، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن لى يىفېي، سارقىت ئاقان، چېڭ جىنشەن قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتكە قاتناشتى.

---

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

## خوتەن - چاقىلىق تۆمۈريول قۇرۇلۇشى 10 مىڭغا يېقىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنى قوبۇل قىلدى

«ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىرىنچى سېپىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىز ⑪

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز پەرىزات ئابدۇل، جوۋ پېڭ، سۇ شۈەنىڭ

لوپ ناھىيەسىنىڭ دول يېزىسى تاۋۇغاز كەنتىدىكى 38 ياشلىق كەنت ئاھالىسى روزىمەمەت سىراجىنىڭ خوتەن - چاقىلىق تۆمۈريول قۇرۇلۇشىغا قاتناشقىنىغا بىر يىلدىن ئاشتى. 2022 - يىلى 6 - ئايدا، بۇ تۆمۈريول پۈتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يۇرتىغا پويىز قاتناشماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىلىدۇ.

«تۆمۈريول ياسىلىپ بولغاندا، مەن يۇرتداشلار بىلەن پويىزغا ئولتۇرۇپ سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىپ، سىرتقى دۇنيانى كۆرىمەن.» روزىمەمەت خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى مەن پارچە - پۇرات ئىش قىلىپ تۇرمۇشۇمنى قامدايتتىم، بۇ گۈنكى كۈندە ئىشكىم ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلىشىپ، ئايدا 4500 يۈەن كىرىم قىلىۋاتىمەن».

9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، خوتەن - چاقىلىق تۆمۈريولى — جۇڭگو تۆمۈر يولى بېيجىڭ قۇرۇلۇش ئىدارىسى خوتەن - چاقىلىق تۆمۈريولىنىڭ S1 بۆلىكىدىكى قۇرۇلۇش نەق مەيدانىغا كىرگىنىمىزدە، ئىشچىلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشلەۋاتاتتى، رېلىس ياتقۇزۇۋاتقان ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

خوتەن - چاقىلىق تۆمۈريولى خوتەن ۋىلايىتى ۋە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى دائىرىسىگە جايلاشقان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 825.476 كىلومېتىر بولۇپ، دۆلەتنىڭ «13 - بەش يىل» يىرىك پىلانىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلىدىغان تۆمۈريول قۇرۇلۇشى. قۇرۇلۇش 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا باشلانغان، نۆۋەتتە، يول ئۇلى، كۆۋرۈك - سۇڭگۈچ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشىنىڭ 90%ى تاماملاندى، 170 كىلومېتىردىن ئارتۇق پولات رېلىس ياتقۇزۇپ بولۇندى.

خوتەن - چاقىلىق تۆمۈريولىنىڭ S1 بۆلىكى تۆرىنى جۇڭگو تۆمۈريولى بېيجىڭ قۇرۇلۇش ئىدارىسى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 56 كىلومېتىر. بۇ تۆر ئىشچىلار ئۆيۈشمىسىنىڭ رەئىسى جېڭ شۇجياڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: «قۇرۇلۇش باشلانغاندىن بۇيان، شۇ جايدىن 370 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەشيالىرى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قاتارلىقلارنى سېتىۋالدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۇ جايدىكى 500گە يېقىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردۇق».

لوپ ناھىيەسىنىڭ ھاڭگىيا بازىرى ئاۋامسلىم كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئوبۇلىياسىن تۇرسۇننىياز ئىلگىرى يەر تېرىش، قوي بېقىشتىن باشقا، يەنە پارچە - پۇرات ئىش قىلىپ پۇل تاپاتتى، ھازىر خوتەن - چاقىلىق تۆمۈريولى قۇرۇلۇش ئورنىدا ئىشلەيدۇ. «مەن بېتون قۇيۇش، قېلىپ ياساپ تاختا يېيىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل، ھەر ئايلىق كىرىمىم مۇقىم، يەنە تېخنىكا ئۆگىنىۋالدىم.» ئۇ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «مەن 30 مىڭ يۈەن ئامانەت قويدۇم، يېتەرلىك پۇل يىغىپ، قوتان سېلىپ، باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇشنى ئويلىشىۋاتىمەن».

«خوتەن - چاقىلىق تۆمۈريولى ھەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولى، ھەم ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشتىكى بېيىش يولى. ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ شىنجاڭدىن چىقىشىدىكى قولايلىق يول بولۇپلا قالماي، ئۇ ئارقىلىق يەنە شۇ جاينىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىچكىرى رايونلارغا تېز يۆتكەپ ساتقىلى بولىدۇ.» شىنجاڭ خوتەن - چاقىلىق تۆمۈريولى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ما شىپىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: خوتەن - چاقىلىق تۆمۈريولى پۈتكەندىن كېيىن گولمۇد - كورلا تۆمۈريولى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى شىنجاڭدىن چىقىدىغان تۆمۈريولنى شەكىللەندۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى لوپ، چىرا، كېرىيە، نىيە، چەرچەندىن ئىبارەت بەش ناھىيەگە پويىز قاتناشماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىدۇ. شۇ چاغدا، خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئامما ئىچكىرى رايونلارغا بېرىشتا ئۈرۈمچىنى ئايلىنىپ ماڭمىسىمۇ بولىدۇ، شىنجاڭدىن چىقىش مۇساپىسى 1000 كىلومېتىردىن ئارتۇق قىسقىرايدۇ.

ما شىپىڭ مۇنداق دېدى: «قۇرۇلۇش باشلانغاندىن بۇيان، جەمئىي 9000دىن كۆپرەك ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنى قوبۇل قىلىپ قۇرۇلۇشقا قاتناشتۇردۇق، بۇنىڭ ئىچىدە كۆپىنچىسى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكىلەر».